# 20032 - رامزاندا ئەر-ئايالنىڭ چاقچاقلىششى توغرىسىدا

## سوئال

مەن روزىدار تۇرۇپ ئىرىمگە: سىزنى ياخشى كۆرىمەن دىسەم توغرا بولامدۇ؟. ئىرىم مەندىن رامزاندىمۇ شۇنداق دىيىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا: رازىدار تۇرۇپ بۇنداق دىسە بولمايدۇ، دىسەم، ئىرىم: بولىدۇ دەيدۇ، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بىرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزىدار ھالەتتە ئەرنىڭ ئايالى بىلەن ئايالنىڭ ئىرى بىلەن ئاغزاكى چاقچاقلىششى توغرا بولىدۇ، لىكىن ھەر ئىككەيلەن ئۆزىگە ئىگە بولىشى كىرەك، شەھۋىتى كۈچلۈك بولۇپ ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان، مەنىي چىقىپ كىتىدىغان ھالەت بولۇپ قالماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە ئىگە بولالماي مەنىي چىقىپ كىتىپ روزا بۇزۇلىدىغان ھالەت بولۇپ قالسا، بۇنداق ھالەتتە روزىنى بۇزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزاكى چاقچاقلىششىمۇ توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مەزى چىقىپ كىتىش ئىھتىماللىقى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. [شەرھى مۇمتىئ 6-توم 390-بەت].

ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان كىشى ئايالى بىلەن چاقچاق قىلىشسا ۋە ئۇنى سۆيۈپ قويسا توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل بار، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  روزىدار ھالەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى سۆيۈپ قوياتتى، قۇچاقلاپ قوياتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ ھەممىڭلاردىن بەكرەك ئۆزىگە ئىگە بولالايتتى». [بۇخارى رىۋايىتى 1927-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1106-ھەدىس].

ئەمىر ئىبنى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: روزىدار كىشى ئايالىنى سۆيەمدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇنى ئۇممۇ سەلەمەدىن سورىغىن» دىدى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى». [سەھىھ مۇسلىم 1108-ھەدىس].

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئايالنى سۆيۈشتىن باشقا قۇچاقلاش قاتارلىق جىنسى مۇناسىۋەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكمى سۆيۈشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق". ["شەرھى مۇمتى" 6-توم 434-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.